# شى جىنپىڭ جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار جياڭ گوپېڭ، خۇاڭپىن جيازى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دابەندە جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىس دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى مىسىر زۇڭتۇڭى سىسى، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ھازىرقى ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال زۇڭتۇڭى سال ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى قوللاش، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇلتۇر 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا جۇڭگو - ئافرىقا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى قەدىرلەيدۇ. مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئايرىم كۈچلەرنىڭ قانداق توسقۇنلۇق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتەك ئەسلىي مەقسىتى ئۆزگەرمەيدۇ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ زىچ بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش ئىرادىسىدىن تەۋرەنمەيدۇ.

شى جىنپىڭ ئۈچ نۇقتىلىق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، بىز ئورتاق پايدا ئالىدىغان تەرەققىياتنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ، ھەمكارلىق نەتىجىلىرىدىن جۇڭگو - ئافرىقا خەلقلىرىنى تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلەندۈرىمىز. جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئافرىقا ئىتتىپاقى «2063 - يىل قارالمىسى»، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، جۇڭگو - ئافرىقا خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان پايدا ئېلىپ كېلىمىز.

جۇڭگو تەرەپ ھەقىقىي يېقىن ئۆتۈش، سەممىمىي بولۇش ئىدىيەسى ۋە توغرا ھەققانىيەت - مەنپەئەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئافرىقىغا بەرگەن ۋەدىسىنى كەم - كوتىسىز نەقلەشتۈرۈپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇزاققچە قوللاپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ۋە بىرلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

ئىككىنچى، بىز ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقنىڭ يېتەكلىگۈچىلىرىدىن بولۇپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز. خەلقئارانىڭ ئافرىقىغا قارىتىلغان ھەمكارلىقىدا ئافرىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئافرىقىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ئافرىقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۆزىنى ھەممىدىن قالتىس چاغلايدىغان، ئۆزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئۆزى پايدا ئالىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇلنىڭ ھەممىسى كىشىنى بىزار قىلىدۇ، قارشى ئېلىنمايدۇ.

جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئافرىقىغا قارىتىلغان سېلىنمىنى زورايتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يەر شارىۋى خىرىسلارغا مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئافرىقا تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەلقئارادىكى ھەمراھلار بىلەن ئافرىقىدا ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، بىز كۆپ تەرەپچىلىكنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇپ، خەلقئارا تەرتىپنى قوغداشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز. مەدەنىيلىكنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە تەرەققىياتنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ خەلقئارا مۇناسىۋەتنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك، زومىگەرلىك قىلمىشلىرى، مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسىگە قارشى تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى ئورتاق قوغداپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئورۇنلۇق دەۋا تەلەپلىرى ۋە ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئاكتىپ قوغدايمىز.

جۇڭگو تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك سەھنىدە ئافرىقا دۆلەتلىرى ئۈچۈن ھەققانىي سۆز قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك بايلىقنىڭ ئافرىقىغا مايىللىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئافرىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىنچلىقنى قوغداش ھەرىكىتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىگە داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، ئافرىقىنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى پۇرسەت بىلىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە، ئىستراتېگىيەلىك پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ خەلقئارا ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئاكتىپ كۈچ قوشۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان ئافرىقا تەرەپ رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىنى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزۈشى ئافرىقىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئافرىقا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇلتۇر ئېچىلغان جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى ۋە ئەمدىلا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشنى ماسلاشتۇرغۇچىلار يىغىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئافرىقا - جۇڭگو ھەمكارلىقى ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ھەرىكەتنى يېتەكچى قىلغان، قۇدرەتلىك، كۈچلۈك زاپاس كاپالەت مېخانىزمىغا ئىگە بولۇپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ رېئال ئېھتىياجىغا ناھايىتى ياخشى جاۋاب قايتۇردى. ئافرىقا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن قوشقان ئاكتىپ تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى ئۈلگە قىلىپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپ، تەرەققىيات مەبلىغى بىلەن تەمىنلەپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئافرىقا دۆلەتلىرى جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا بېكىتىلگەن «سەككىز چوڭ ھەرىكەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پائال تۈردە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، تېخىمۇ زىچ بولغان ئافرىقا - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىدۇ. ئافرىقا بىلەن جۇڭگو قول تۇتۇشۇپ كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئەركىن سودا سىستېمىسىنى قوغداپ، خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئاكتىپ رولنى جارى قىلدۇردى. جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىم، زورلۇقىغا ئىشىنىمىز. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقى ۋە ئافرىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول» جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسى ئىچىدىكى ھەمكارلىقنى قوللايدۇ.

ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەم كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لى جيەنمىن، خاۋ ۋېيۋېي) كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دابەندە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ، بىرازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا قاتناشتى. بەش دۆلەت رەھبەرلىرى كېسەك ئالتۇن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقى قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى مېخانىزمىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى بىرازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو ئۇچرىشىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، كەسكىن بىر مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېشىشنى ساقلىدى، لېكىن ئېنىقسىزلىق، مۇقىمسىزلىق كۆرۈنەرلىك ئاشتى. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئۆز ئىشىنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ ئېبلاستىكلىقى ۋە تاشقى خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ ياخشى خەلقئارا مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى ئون يىلدا، بەش دۆلەت رەھبەرلىرى ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كېسەك ئالتۇن ھەمكارلىقنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەپ، كېسەك ئالتۇن ھەمكارلىقنىڭ داۋاملىق پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم رامكىسى ئىچىدە سىياسەت جەھەتتە ماسلىشىشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. «كېسەك ئالتۇن +» ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، باشقا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى ئورتاق كۆزلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى كۆپ تەرەپچىلىكنى قەتئىي قوللاپ، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغداپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، قانۇنسىز بىر تەرەپلىمە جازالاش ۋە «ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش»قا قارشى تۇرۇشى كېرەك. بىز بايرىقىمىز روشەن ھالدا قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى قوغداپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ئاساسىي مېلودىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بىز كېسەك ئالتۇن ئىقتىسادى، سىياسىي بىخەتەرلىك، ئادىمىيەت ئالاقىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ساھەدىكى ھەمكارلىقتا تەڭپۇڭ تۈرتكە بولۇپ، كېسەك ئالتۇن يېڭى سانائەت ئىنقىلابى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، «يېڭىلىق يارىتىش كېسەك ئالتۇن» تورى، كەلگۈسى تور تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئەمەلىي ھەمكارلىق تۈرلىرىنى تېز قۇرۇپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىغا چوڭقۇر قاتنىشىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئورتاق تەشەببۇس قىلىپ، ئوچۇق، ئادىل، كەمسىتىش بولمىغان پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ كارخانىلىرىنى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا قاتناشتۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بىز داۋاملىق ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە بەش دۆلەت خەلقلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشايلى.

ئۇچرىشىشقا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈنكى دۇنيا ئېنىقسىزلىققا تولماقتا، خەلقئارا جەمئىيەت يەككە تەرەپچىلىك ۋە قورۇقچىلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى، خەلقئارا سودا قائىدىسى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئاجىزلىشىش ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، تەرەققىياتتىكى سىغدۇرۇشچانلىقنى كۈچەيتىش جىددىي زۆرۈر بولۇش قاتارلىق خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك رولىنى تېخىمۇ ئاكتىپ، تەشەببۇسكار جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداپ، قائىدىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا سودا سىستېمىسىنى قوغداپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات ۋە سودا ئەندىزىسىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ تەڭپۇڭ بولغان خەلقئارا سودا سۆھبىتى قارالمىلىرىنى تۈزۈپ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور رولنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى بىزنىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئىستراتېگىيەلىك قىممىتىمىزنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەقەملىك ئىقتىساد، ئېنېرگىيە، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تاشقى خەۋپ - خەتەرگە تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىنىڭ تەرەققىياتنى مۇھىم قارالما قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ۋەدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۇچرىشىشتا بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، لىۋ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار جېڭ شياۋېي، لى جيەنمىن) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دابەندە جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىپ، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى، ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقى بويىچە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى. ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان ھەمكارلىق مېخانىزمىنى داۋاملىق ياخشى قوغداپ، ياخشى پايدىلىنىپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، رايون ھەتتا دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا بىردەك قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى يەر شارىۋى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا يۈك بولۇۋاتىدۇ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا تەرتىپكىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان سەلبىي تەسىر كەلتۈرۈۋاتىدۇ. جۇڭگو، رۇسىيە، ھىندىستان بولۇشقا تېگىشلىك خەلقئارا مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلىپ، ئۈچ دۆلەت ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان ئۈچ تەرەپ دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغدىشى، دۇنيانىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغدىشى كېرەك. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتقا پايدىلىق بولغان ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىپ، 5G تورى، يۇقىرى تېخنىكا، ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، سودا ۋە سېلىنمىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، كېڭىشىش بىردەك بولغان ئۇسۇل ئارقىلىق دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، باراۋەرسىزلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىشى كېرەك. يەر شارى ۋە رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى تىرىشىپ قوغداپ، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك قارىشىنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى سىياسىي سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق شەكىلدىكى تېررورىزمغا ئورتاق زەربە بېرىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى، تور بىخەتەرلىكى قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسقا ھەمكارلىشىپ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىرقى ۋەزىيەتتە، رۇسىيە - جۇڭگو - ھىندىستان ئۈچ دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغداش، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش، ئىگىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىپ، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق قاتارلىق خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى قوغداشقا قەتئىي كۈچ چىقىرىپ، يەككە تەرەپچىلىك ۋە قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمە جازالاشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

مودى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۆپ تەرەپچىلىك ۋە خەلقئارا قانۇن، خەلقئارا قائىدىلەرنى قوغداش ھىندىستان - جۇڭگو - رۇسىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. ئۈچ دۆلەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئىسلاھاتى ھەمدە رايون خەۋپسىزلىكى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى زىچ ئالاقىنى داۋاملىق ساقلاشقا قوشۇلدى.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى جوكو، گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر خۇاڭپىن جيازى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دابەندە جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىسى ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە داۋاملىق بىر - بىرىنى قوللاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدىكى «سەككىز چوڭ ھەرىكەت» بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق ھەرىكەت پىلانىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش، رەقەملىك ئىقتىساد، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا تەرەپ بىلەن نامراتلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى قوللاش بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - جەنۇبىي ئافرىقا ئىككى دۆلەت مۇھىم تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى ئورتاق قوغداپ، خەلقئارا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداپ، جۇڭگو - جەنۇبىي ئافرىقا ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ياخشى قوغداشنى خالايدۇ.

رامافوسا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە تىلەكداشمەن. جەنۇبىي ئافرىقا تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەيدۇ، جۇڭگونىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى قىممەتلىك قوللىشىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆز تەرەققىياتىنى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بىلەن زىچ ئۇدۇللاشتۇرۇشنى خالايدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا ئوخشاشلا دۆلەتلەر ئارا باراۋەر بولۇش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەلقئارا سودىدىكى يەككە تەرەپچىلىك ۋە زومىگەرلىك قىلمىشىغا قارشى تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ يوللۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى قوللايدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا تەرەپ خۇاۋېي قاتارلىق جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ ھەم قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن 20 دۆلەت گۇرۇھى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر شاڭ ياڭ) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دابەندە ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى جوكو بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كېلەر يىلى جۇڭگو - ھىندونېزىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، بىز داۋاملىق تىرىشىپ، يېڭى مەزگىلدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، قول تۇتۇشۇپ تەرەققىي قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى ئورتاق يارىتىشىمىز كېرەك. ئىككى تەرەپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جاكارتا - باندۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، «رايون ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد كارىدورى»نى ياخشى قۇرۇپ، كەسپىي تەربىيەلەش ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ھەمكارلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئاقىل شەھەر، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ھەمكارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېتەكلەش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى ئىككى دۆلەت ۋە رايون تەرەققىياتىدىكى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش 64 يىل ئىلگىرىكى باندۇڭ روھى بىلەن تومۇرداش. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو بىلەن ھىندونېزىيە خەلقئارا سەھنىدە ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى قوغدىشى كېرەك.

جوكو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن ھىندونېزىيەنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن. ھىندونېزىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جاكارتا - باندۇڭ تۆمۈريولى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ماسلىشىش - ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قوللايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى جيەنمىن) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دابەندە گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - گېرمانىيە ھەمكارلىق چوڭ يۆنىلىشىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىك ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاساسىي ئورتاق تونۇشى. ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلىككە، ئۆزگىرىشچانلىققا يۈزلىنىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە ھەرتەرەپلىمە ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى ساقلىشى ھەقىقەتەن زۆرۈر.

جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە داۋاملىق باراۋەر سۆھبەتلىشىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ھەمكارلىق ھەمراھلىرىغا ئايلىنالايدۇ. بىز گېرمانىيە كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگونى ئىشەنچلىك سودا ھەمراھى دەپ قاراپ، جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشنى زورايتىشىنى قارشى ئالىمىز. جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ۋەدىسى ھەرگىزمۇ قۇرۇق ۋەدە ئەمەس، گېرمانىيە كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگو بازىرىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئېچىشنى قارشى ئالىمىز.

جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە ئورتاق بەرپا قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، رىقابەتنى ئورتاق تەرەققىي قىلىپ ئالغا باسىدىغان ھەمكارلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بىز گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھالدا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھاياتى كۈچى گېرمانىيەگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. بىز ئىككى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پەن - تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاپتوماتىك ھەيدەش، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، 5G خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلەردە يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى قارشى ئالىمىز.

جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە ئاسىيا - ياۋروپانىڭ ئۆزئارا ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، ئەركىن سودىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى ئېگىزلىك بەرپا قىلىشى كېرەك. بىز گېرمانىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق كېڭىشىپ، ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىپ، كېلەر يىلى جۇڭگو - ياۋروپا سېلىنما كېلىشىمى سۆھبىتىنى تاماملاش ھەم جۇڭگو - ياۋروپا ئەركىن سودا ھەمكارلىق مۇساپىسىنى بالدۇرراق باشلاشنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايمىز.

جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداش، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

مېركېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىرقى ۋەزىيەتتە، گېرمانىيە جۇڭگو بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە يەنە بىر قېتىم جۇڭگوغا زىيارەتكە بېرىشنى ئارزۇ قىلماقتىمەن. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسى ئىچىدىكى ھەمكارلىقنى مۇھاكىمە قىلىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، ياۋروپا - جۇڭگو سېلىنما كېلىشىمىنى بالدۇرراق ئىمزالاشنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايدۇ. گېرمانىيە بىلەن جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداشتا كۈچ چىقىرىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز سودا ساھەسىدە يەككە تەرەپچىلىكنى قوللىمىنىش، ھە دېسىلا بېسىم ئىشلىتىشنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرلىرىدىن چوڭقۇر تەشۋىش ھېس قىلدۇق.

ئىككى تەرەپ يەنە ئىران يادرو مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىردەك ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇمىي كېلىشىمىگە ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى سۆزلىشىپ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جىددىي ۋەزىيەتنىڭ يەنىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك، دەپ قارىدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لىۋ خۇا، شاڭ ياڭ) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دابەندە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو باشتىن - ئاخىر كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللايدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى قوللايدۇ. ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، كەسكىن بولغانسېرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزى ۋە رولىنى شۇنچە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بىز پۈتۈن دۇنيانىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بايرىقى ئاستىدا تېخىمۇ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باش كاتىپنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپ ۋە داۋالغۇش تەرىپى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيدى، دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ سەزگۈر بولۇپ، ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا دۇچ كەلدى. جۇڭگو ئىزچىل تىنچلىق تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ كەلدى. ھەرقايسى تەرەپلەر ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سۆزلىشىش، كېڭەشنى كۈچەيتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار يىغىنى يەر شارىۋى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، سىرتقا توغرا سىگنال تارقىتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ باش كاتىپ ئەپەندىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىلىمات ھەرىكىتى باشلىقلار يىغىنىنىڭ پائال نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

گۇتېررېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇرماقتا، سودا ساھەسى ۋە دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ ۋەزىيىتىدە جىددىيلىك كۆرۈلدى، دۇنيا كۆپ تەرەپچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش، قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ئۈستىكى يېتەرلىك بولماسلىقتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. مۇشۇنداق پەيتكە قانچە دۇچ كەلگەنسېرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگونىڭ چاۋشيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوشقان مۇھىم تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ. جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى يەر شارىۋى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ كۆپ رەھبەرلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك قوللاشنى ۋە ماسلىشىشنى خالايدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جۇڭگو بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشتىكى تېگىشلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىككە ئەمەل قىلىشنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.